# «گۈزەل جۇڭگو ئارزۇسى سىلەرگە مەنسۇپ»

(بېشى 1 - بەتتە)

بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى، «1 - ئىيۇن» خەلقئارا بالىلار بايرىمى يېتىپ كېلىش پەيتىدە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بالىلار يەنە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بايراملىق ئىلھاملاندۇرۇش سۆزىنى تاپشۇرۇۋالدى.

«بۇ قېتىمقى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە، كەڭ ئۆسمۈرلەر - بالىلارمۇ بىر ئالاھىدە مەزگىلنى باشتىن كەچۈردى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلەشتەك ئۇلۇغ ھەرىكىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپلا قالماي، بەلكى يەنە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا بويسۇنۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىنى قوللاپ، دۆلىتىمىز ئۆسمۈرلىرى - بالىلىرىنىڭ ياخشى روھىي قىياپىتىنى نامايان قىلدى».

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان يۈزبەرگەن تارقىلىش سۈرئىتى ئەڭ تېز، يۇقۇملىنىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قىيىنلىق دەرىجىسى ئەڭ چوڭ بولغان بۇ قېتىمقى ئېغىر، زور تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسىدە، كەڭ ئۆسمۈرلەر - بالىلار ئائىلىسىدىكىلەر، ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن بىرلىكتە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرىشى چوڭ ۋەزىيىتىگە ئاكتىپلىق ماسلىشىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى ئاساسىي كۈچنى شەكىللەندۈردى.

ئالاھىدە مەزگىلدىكى بۇ ئالاھىدە «سوۋغات» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئۆسمۈرلەر - بالىلارغا ئىلگىرىكىدەكلا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى ۋە غەمخورلۇق قىلىدىغانلىقىنى نامايان قىلدى.

ئۆسمۈرلەر - بالىلار ۋەتەننىڭ ئۈمىدى، مىللەتنىڭ كەلگۈسى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىستراتېگىيە يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، مىللەتنىڭ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت چوڭ ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالالايدىغان دەۋر يېڭى كىشىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولدى.

ھەم دانا، بىلىملىك «چوڭ دوست»، ھەم مۇلايىم، يېقىملىق «شى بوۋا»، پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ھەر قېتىمقى «1 - ئىيۇن» خەلقئارا بالىلار بايرىمىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ۋاقىت چىقىرىپ، ئۆسمۈرلەر - بالىلارغا بايراملىق بەخت تىلىكى يوللاپ، كۈرەش يۆنىلىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.

غايە - ئېتىقاد ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى ماياك —

«پارتىيەنى قىزغىن سۆيۈپ، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈپ، خەلقنى قىزغىن سۆيۈپ، تىرىشىپ بىلىملىك، ئەخلاقلىق، ئىقتىدارلىق يېڭى بىر ئەۋلاد قۇرغۇچىلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشۇشقا تەييار تۇرماقتا».

ئېسىل پەزىلەت ئادەم بولۇشنىڭ ئاساسى —

«سىلەر ھازىر ھەممىڭلار كۆچەت، ئەخلاق - پەزىلەت يېتىلدۈرۈش مول ئوزۇقلۇق، مۇنبەت تۇپراققا موھتاج، شۇنداق بولغاندىلا ساغلام ئۆسۈپ يېتىلەلەيسىلەر. ھازىر ئۆزۈڭلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىنى قانچە ياخشى يېتىلدۈرسەڭلار، كەلگۈسىدە شۇنچە يارامىلىق ئادەم بولالايسىلەر».

ئۇلۇغۋار ئىرادە كىشىلىك ھاياتنىڭ يۈرۈش بەلگىسى —

«بىر ئادەمدە نۇرغۇن ئىرادە بولسا بولىدۇ، لېكىن كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ مۇھىم ئىرادە ۋەتەن ۋە خەلق بىلەن باغلانغان بولۇشى كېرەك، بۇ، كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك كونكرېت ئىرادىسىنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا كىشىلىك ھاياتنىڭ تۈۋرۈكى».

بىلىمگە ئىنتىلگەندىلا يارامىلىق ئادەم بولغىلى بولىدۇ —

«دەۋر ھامان ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ، سىلەر چوڭ بولغاندا، تۇرمۇشۇڭلاردا غايەت زور ئۆزگىرىش بولىدۇ، پەن - تېخنىكىدىمۇ غايەت زور ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلىدۇ، سىلەرنىڭ يېڭى ئىدىيە، يېڭى بىلىم، يېڭى قابىلىيەت بىلەن يېڭى تۇرمۇشقا ماسلىشىشىڭلارغا ۋە يېڭى تۇرمۇش يارىتىشىڭلارغا توغرا كېلىدۇ، مۇشۇنداق بولغاندىلا، بىر مىللەتنىڭ، ئىنسانلارنىڭ تەرەققىياتى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىدۇ. ھازىردىن باشلاپ، سىلەر تىرىشىپ ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىشنىڭ، ئاڭلىق ئەمگەك قىلىشنىڭ، باتۇرلۇق بىلەن ئىجاد قىلىشنىڭ كىچىك بايراقدارلىرىدىن بولۇشۇڭلار كېرەك».

سىرتقا چىقىپ تەكشۈرۈشتە بولغاندا، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ دائىم بالىلار ئارىسىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھېكايىلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگىلەيدۇ.

تاغ - دەريالاردىن ھالقىغاندا، خۇاشيا بۈيۈك زېمىننى ئايلانغاندا، ئۆسمۈرلەر - بالىلارنىڭ بەختلىك ئۆسۈپ يېتىلىشى باش شۇجىنىڭ قەلبىدىكى ئەڭ ئىللىق كۆڭۈل بۆلۈش بولدى.

سىچۈەن لۇشەندە يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈزبەرگەندىن كېيىنكى لۇڭمېن يېزىلىق لۇڭشىڭ مەركىزىي مەكتىپىدە، باش شۇجى مۇنداق ۋەدە بەردى: «بىز چوقۇم ئاپەت رايونىدىكى مەكتەپلەرنى تېخىمۇ پۇختا، تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز!» بۈگۈنكى كۈندە، مەكتەپ پەن - تېخنىكا ئوقۇتۇشىنى مەركەز قىلىپ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە ئۆستۈرۈش باغچىسى ۋە يېڭى تەجرىبە بىناسى سالدى، غەيرەت - شىجائىتى ئۇرغۇدى.

چۇڭچىڭ شىجۇ تۇجازۇ ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ جۇڭيى يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتىپىدە، باش شۇجى مۇنداق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى: «نامرات تاغلىق رايوندىكى بالىلارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇپ تەربىيە ئېلىشىغا، بەختلىك، شادىمان ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىنىڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.» بۈگۈن، مەكتەپتىكى بالىلارنىڭ ئۆزىنىڭ پۇتبول مەيدانى، ۋاسكېتبول مەيدانى بار، يەنە بېيىپىڭى ياتىقى ۋە كۆپ ئىقتىدارلىق پائالىيەت ئۆيى بار.

شىنجاڭ كونا شەھەر ناھىيەسى توققۇزاق بازارلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىدە قوش تىل ئوقۇتۇش ئەھۋالىنى ئىگىلەش، بېيجىڭ شەھەرلىك ئۆسمۈرلەر سارىيىدا بالىلار بىلەن مۇھىت ئاسراشقا بولغان تونۇشى ۋە چۈشەنچىسى توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرۇش، گەنسۇ گۇلاڭ ناھىيەسىنىڭ خۇاڭخۇاتەن ئېكولوگىيەلىك كۆچۈرۈش رايونى فۇمىن يېڭى كەنتىدە بالىلارنىڭ يازلىق تەتىللىك ئۆگىنىش، تۇرمۇش ئەھۋالىنى سوراش... باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىنچىكە، ئەتراپلىق غەمخورلۇقى ئارقىلىق، ئۆسمۈرلەر - بالىلارغا ھەر تەرەپلىمە يېتەكچىلىك قىلىپ، بالىلارنىڭ كىشىلىك ھاياتىدىكى بىرىنچى تۈگمىنى ياخشى ئېتىشىگە ياردەم بەردى.

سەممىي ۋە چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەر بالىلارنىڭ قەلبىنى ئىللىتتى، ئەمدىلا باشلانغان كىشىلىك ھاياتىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى.

2014 - يىلى 1 - ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىچكى موڭغۇلدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، كۆكخوت شەھەرلىك بالىلار پاراۋانلىق ئورنىغا كېلىپ، بۇ يەردە تۇرۇۋاتقان بالىلارنى يوقلىدى.

«بىر مىننەتدار قەلب بولۇش ئىنتايىن مۇھىم، بالىلار، بولۇپمۇ يېتىم بالىلار ۋە مېيىپ بالىلارغا قارىتا پۈتۈن جەمئىيەتتە مېھرىبان قەلب، كۆيۈنۈش ھېسسىياتى بولۇشى، ئورتاق تىرىشىپ ئۇلارنى ساغلام ئۆسۈپ يېتىلدۈرۈپ، ئۇلارغا سوتسىيالىستىك چوڭ ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك» دېدى باش شۇجى شى جىنپىڭ.

باش شۇجىنىڭ «ياخشى ئوقۇڭ، ئوقۇشىڭىز نەتىجىلىك بولسۇن» دېگەن تاپىلىشىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، گاس - گاچا قىز ۋاڭ يانى پاراۋانلىق ئورنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، كۆكخوت شەھەرلىك ئالاھىدە مائارىپ مەكتىپىنىڭ بىر ھۆسن تۈزەش دەرسى ئوقۇتقۇچىسى بولدى. «مىننەتدارلىقىمنى قەلبىمدە چىڭ ساقلاپ، ئۆگەنگەنلىرىم بىلەن جەمئىيەتكە جاۋاب قايتۇرىمەن.» ئۇ قول ئىشارىسى بىلەن ئۆزىنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئىپادىلىدى.

تەلىم - تەربىيە سەممىي ۋە چوڭقۇر مەنىلىك بولىدۇ، مېھىر - مۇھەببەت چوڭقۇر، ئۇزاققىچە داۋاملىشىدۇ.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سەممىي سۆزلىرى خۇددى باھار شامىلىدەك، سەھەردىكى شەبنەمدەك تاكى دەرەخ ئورمان ھاسىل قىلىپ، مىللەتنىڭ تۈۋرۈكىگە ئايلانغانغا قەدەر يۇمران كۆچەتلەرنى ئاسرايدۇ.

سان - ساناقسىز مەشئەلنىڭ يول كۆرسىتىشىدە، پارتىيەنىڭ ئىللىق نۇرىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چوڭقۇر غەمخورلۇقىدا، كەڭ ئۆسمۈرلەر - بالىلار ساغلام ئۆسۈپ يېتىلمەكتە، كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇلار جەزمەن قاناتلىرىنى كەڭ يايغان بۈركۈتكە ئايلىنىپ، كۆكتە پەرۋاز قىلىدۇ.

## چوڭقۇر غەمخورلۇقنى ئەمەلىي تەدبىرگە ئايلاندۇرۇش

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئۆسمۈرلەر - بالىلار خىزمىتى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى، ئۆسمۈرلەر - بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى

«مور تۇخۇم گۆش قورۇمىسى، چەيزە پىنتوزا قورۇمىسى، دۇفۇ قورۇمىسى...» مەكتەپنىڭ ئوزۇقلۇق چۈشلۈك تاماقى ھەققىدە توختالغاندا، لياۋنىڭ ئۆلكىسى شيۇيەن ناھىيەسىنىڭ شىخۇيياۋ يېزىسى لۇڭباۋيۇ باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى بەزى ئوقۇغۇچىلار «مەكتەپنىڭ تاماقى ئۆيىمىزدىكىدىنمۇ يېيىشلىك» دېدى.

2019 - يىلى 9 - ئايدا ئوقۇش باشلانغاندىن بۇيان، لياۋنىڭ ئۆلكىسى نوقتىلىق يۆلەيدىغان 15 نامرات ناھىيەنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوزۇقلۇقنى ياخشىلاش پىلانىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى، ئۆلكە مالىيەسى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر بىرىگە كۈنىگە تۆت يۈەندىن پۈتۈن يىلدا 200 كۈنلۈك ياردەم تولۇقلىمىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، شۇ جايدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى نەپكە ئېرىشتۈردى.

2016 - يىلى 8 - ئايدا، مەملىكەتلىك سەھىيە ۋە ساغلاملىق يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «ئۆسمۈرلەر - بالىلارنىڭ ساغلاملىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ، يەسلى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ سەھىيە ۋە ساغلاملىق خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، ساغلاملىق بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، قاراتمىلىق ھالدا نامرات رايونلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوزۇقلۇق تاماقى ياكى ئوزۇقلۇق بوغچىسى ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك».

ئىللىقلىق ۋە مۇھەببەتكە تولغان ھەر بىر ۋاق ئوزۇقلۇق تاماق تېخىمۇ كۆپ يېزا ئوقۇغۇچىسىغا نەپ يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ «يېمەكلىك»نى تېخىمۇ بىخەتەر، تېنىنى تېخىمۇ ساغلام قىلدى، شۇنداقلا نۇرغۇن نامرات ئائىلىنىڭ يۈكىنى يېنىكلەتتى.

ھەربىر قورۇما، ھەربىر تاماققا مۇھەببەت مۇجەسسەملەنگەن، ھەربىر ئىش - ھەرىكەتكە چىن ھېسسىيات سىڭگەن. تىرىشىپ بارلىق ئۆسمۈرلەر - بالىلارنى گۈزەل، پارلاق ئەتىگە ئىگە قىلىش ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى ۋە ئۈمىدى، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ گۈللىنىش، قۇدرەت تېپىشقا يۈزلىنىشىنىڭ ئاساسى ۋە تىرىكى.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ئۆيدە قالغان بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈشتىن ئۆسمۈرلەر - بالىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشقىچە؛ ئۆسمۈرلەر - بالىلارنىڭ ساغلاملىقىغا غەمخورلۇق قىلىشتىن ئۆسمۈرلەر - بالىلار تەربىيەسىگە ئەھمىيەت بېرىشكىچە؛ پىيونېرلار ئەترىتىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئۈمىد قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتىشقىچە... بالىلار بېقىلىدىغان بولدى، ئوقۇيدىغانلار ئوقۇيالايدىغان بولدى، دۆلىتىمىزنىڭ ئۆسمۈرلەر - بالىلار ئىشلىرى پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىدى، ئۆسمۈرلەر - بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى.

قابىللارنى يېتىشتۈرۈش دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئاساسى. باللىق كىشىلىك ھاياتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى ئويغىنىش باسقۇچى، يېڭى دەۋردىكى ئۆسمۈرلەر - بالىلار قانداق مائارىپقا موھتاج؟

«ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلدۈرىدىغان مائارىپ سىستېمىسىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.» كۈنسېرى مۇكەممەللىشىۋاتقان مائارىپ سىستېمىسى ۋە يېتىشتۈرۈش سىستېمىسى ئۆسمۈرلەر - بالىلارنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلىشىگە تۈرتكە بولدى.

«جۇڭگو مائارىپىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش 2035» «مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېز ئالغا سىلجىتىشنى يولغا قويۇش لايىھەسى (2018 - يىلدىن 2022 - يىلغىچە)»نىڭ بېسىپ تارقىتىلىشى يېڭى دەۋردە مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېز ئالغا سىلجىتىش، يېڭى بىر ئەۋلاد سوتسىيالىزم قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلۇغۋار پىلان تۈزۈپ بەردى؛

«يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» «تەنتەربىيە كۈچلۈك دۆلەتنى قۇرۇش پروگراممىسى» قاتارلىقلاردا بولسا كونكرېت مەسىلىلەر كۆزدە تۇتۇلۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى، تەنتەربىيە مائارىپى قاتارلىق ھەرقايسى قاتلاملاردىن يېڭى دەۋردىكى ئۆسمۈرلەر - بالىلارنىڭ «مەنىۋى جەھەتتىن مەدەنىي» بولۇپلا قالماي، يەنە «جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام» بولۇشىغىمۇ يېتەكچىلىك قىلىندى.

مەسىلە دەۋرنىڭ ئاۋازى، ھەرىكەت ئەڭ ياخشى كۆيۈنۈش.

بالىلارنىڭ پارلاق كەلگۈسى نۇرلۇق بىر جۈپ كۆزدىن ئايرىلالمايدۇ.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ غەمخورلۇقىدا، مائارىپ مىنىستىرلىقى، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى قاتارلىق سەككىز تارماق دۆلىتىمىز ئوقۇغۇچىلىرىدا يىراقنى كۆرەلمەسلىك ئەھۋالى كۆپ يۈز بېرىش، يېشى كىچىكلىشىش يۈزلىنىشىگە قارىتا، «بالىلار، ياشلار، ئۆسمۈرلەردىكى يىراقنى كۆرەلمەسلىكنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەشنى يولغا قويۇش لايىھەسى»نى بېسىپ تارقىتىپ، 2030 - يىلغا بارغاندا دۆلىتىمىزدىكى ئالتە ياشلىق بالىلارنىڭ يىراقنى كۆرەلمەسلىك نىسبىتىنى 3% ئەتراپىدا كونترول قىلىش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

دۆلىتىمىز ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار بالىلار توپىغا قارىتا كاپالەت سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، يېزىلاردىكى ئۆيدە قالغان بالىلارنىڭ تېگى - تەكتىنى ئېنىقلاپ رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، يېزىلاردىكى ئۆيدە قالغان بالىلارغا كۆيۈنۈش، قوغداش خىزمىتى بويىچە مىنىستىرلىقلار ئارا بىرلەشمە يىغىن تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، «مېيىپ بالىلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدا سىنىپقا ئەگىشىپ ئوقۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى... بىر قاتار پۇختا تەدبىرلەر ئارقىلىق تىرىشىپ ھەر بىر بالا مېھىر - مۇھەببەت نۇرىغا چۆمدۈرۈلدى.

«ئۆسمۈرلەر - بالىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان، ئۆسمۈرلەر - بالىلارنىڭ جىسمانىي، روھىي ساغلاملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان سۆز - ھەرىكەتلەرنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا قانۇن بويىچە زەربە بېرىش كېرەك.» ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىۋاتقان قانۇن، سىياسەت ۋە تەدبىرلەر ئارقىلىق ئۆسمۈرلەر - بالىلارنى كاپالەتلەندۈرۈش سالمىقى زورايتىلىپ، ئۆسمۈرلەر - بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى» يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى —

قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسى، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلۇپ، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە ئالاقىدار قانۇن - نىزاملارنىڭ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى؛

«ۋەسىيلەرنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىش قىلمىشىنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى پىكىر» چىقىرىلىپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى بوزەك قىلىشنىڭ ۋە زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تۈزەش بويىچە مەخسۇس تۈزەش قانات يايدۇرۇلۇپ، ئۆسمۈرلەر - بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن مەنبەدىن مۇستەھكەم توسۇق بەرپا قىلىندى.

يېڭى دەۋردىكى ئۆسمۈرلەر - بالىلار ساغلام ئۆسۈپ يېتىلمەكتە، بويندىكى قىزىل گالستۇك شامالدا يەلپۈنمەكتە.

«پىيونېرلار ئەترىتى تەشكىلاتىنىڭ بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، يۈز مىليونلىغان ئۆسمۈر - بالىنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشقا تەربىيەلىشى ۋە يېتەكلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە كەلگۈسىنى يېتىلدۈرۈش، كەلگۈسىنى يارىتىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆسمۈرلەر - بالىلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئاسراپ، پىيونېرلار ئەترىتى خىزمىتىنى قوللاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆسمۈرلەر - بالىلارغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىپ، بالىلارنى تېخىمۇ ياخشى ئۆسۈپ يېتىلدۈرۈشى كېرەك.» باش شۇجىنىڭ تەلىپى ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن دەل جايىدا ئېيتىلغان.

2017 - يىلى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى، مائارىپ مىنىستىرلىقى، مەملىكەتلىك پىيونېرلار خىزمىتى كومىتېتى بىرلىشىپ «پىيونېرلار ئەترىتى ئىسلاھات لايىھەسى»نى بېسىپ تارقىتىپ، پىيونېرلار ئەترىتى ئىسلاھاتىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئىسلاھات ئارقىلىق پىيونېرلارنى پىيونېرلار ئەترىتىنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدىغان، يېتەكچىلەرنى پىيونېرلار ئەترىتىنى تېخىمۇ قىزغىن سۆيىدىغان، مەكتەپلەرنى پىيونېرلار ئەترىتىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئائىلە ۋە جەمئىيەتنى پىيونېرلار ئەترىتىنى تېخىمۇ قوللايدىغان قىلدى.

شامالنىڭ چىقىشى دەل يەلكەن چىقىرىدىغان پەيت، قەلبىگە ئىرادە پۈككەن كىشى ئۆز نىشانىغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. ھەرقايسى جايلاردىكى پىيونېرلار ئەترەتلىرى «قىزىل گالستۇكنىڭ جۇڭگو ئارزۇسى بىلەن ئۇچرىشىشى» «يادرولۇق قىممەت قارىشىنى قەلبىگە پۈكۈش» «تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى ياخشى پىيونېرلاردىن بولۇش» قاتارلىق باش تېمىلىق ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش پائالىيەتلىرىنى پائال تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، پىيونېرلارنى ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتى يېتىلدۈرۈش، كوللېكتىۋىزملىق روھ يېتىلدۈرۈش، ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۆزىنىڭ كىچىككىنە ئارزۇسىنى جۇڭگو ئارزۇسىدىن ئىبارەت چەكسىز ئىستەك ۋە ئىنتىلىشكە سىڭدۈرۈشكە يېتەكلىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۆسمۈرلەر - بالىلارنى سىياسىي جەھەتتە ئويغىتىش ۋە ئۇلاردا قىممەت قارىشى يېتىلدۈرۈش مۇھىم بۇرچنى زىممىسىگە ئالغان پىيونېرلار ئەترىتى تەشكىللىك تەربىيەلەش، ئۆز ئالدىغا تەربىيەلەش، ئەمەلىيەت ئارقىلىق تەربىيەلەشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ لاياقەتلىك قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى تىرىشىپ يېتىشتۈرمەكتە.

## داۋاملىق كۈرەش قىلىپ، دەۋرنىڭ ئېغىر ۋەزىپىسىنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىگە ئېلىش

كىچىكىدىن باشلاپ ئاۋانگارتلاردىن ئۆگىنىپ، چوڭ بولغاندا ئاۋانگارتلاردىن بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى ئۆسمۈرلەر - بالىلار جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت تەييار تۇرماقتا

چوڭ تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان شەنشى ئۆلكىسى تۇڭچۇەن شەھىرىنىڭ جاۋجىن بازىرىدىكى بېيلياڭ كەنتىدە تاغ ئورمانلىقى بۈك - باراقسان ئىدى.

يېشىل تاغلار ئوراپ تۇرغان جاۋجىن بازىرى بېيلياڭ قىزىل ئارمىيە باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش بىناسىنى ئالتۇن رەڭلىك شەپەق نۇرى يورۇتۇپ تۇراتتى، «ئەتكى قۇياشنى كۈتۈۋېلىش» دېگەن خەت كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى.

2018 - يىلى بالىلار بايرىمىنىڭ ئالدىنقى كۈنىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ جاۋجىن بازىرى بېيلياڭ قىزىل ئارمىيە باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا جاۋاب خەت يېزىپ: «سىلەرنىڭ جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھات تارىخىي بىلىملىرىنى كۆپرەك چۈشىنىپ، قەھرىمان نەمۇنىچى شەخسلەردىن كۆپرەك ئۆگىنىپ، پارتىيەنى، ۋەتەننى، خەلقنى قىزغىن سۆيۈپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىڭلار ئارقىلىق قىزىل گېننى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ رىغبەتلەندۈردى.

باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، بېيلياڭ قىزىل ئارمىيە باشلانغۇچ مەكتىپى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا بىر قاتار قىزىل تەربىيە پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، ئىنقىلابىي ھېكايىلەرنى مەكتەپكە كىرگۈزدى، بالىلارنىڭ قەلبىگە كىرگۈزدى.

ئىنقىلابىي ئەجدادلارنىڭ چاقىرىقىدا، بېيلياڭ قىزىل ئارمىيە باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى بالىلار قەلبىگە ئۇلۇغۋار غايىنى پۈكتى. غايە توغرىسىدا سوئال سورالسا، ئۇلار ئالىم، ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسى، دوختۇر... بولىمىز دەپ جاۋاب بېرىدۇ. مۇشۇ سۆز تېمىسىنى چۆرىدەپ، بالىلار خېلى ئۇزاققىچە پاراڭلىشىدۇ.

بۇ يىل «1 - ئىيۇن» خەلقئارا بالىلار بايرىمى يېتىپ كېلىش پەيتىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ كەڭ ئۆسمۈرلەر - بالىلارغا مۇنداق ئىلھاملاندۇرۇش سۆزى قىلدى: «زامانىمىزدىكى جۇڭگو ئۆسمۈرلىرى - بالىلىرى ھەم بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى باشتىن كەچۈرگۈچىلەر، گۇۋاھ بولغۇچىلار، تېخىمۇ مۇھىمى ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىشتىكى جەڭگىۋار قوشۇن».

كېمىلەر ئىلگىرىلىمەكتە دولقۇن يېرىپ بەسلىشىپ، كېيىنكىلەر كەلمەكتە ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ.

ئىرادىلىك، غايىلىك ئۆسمۈرلەر - بالىلار قەلبىگە جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىش ئۇرۇقىنى سالدى، ئۇلارنىڭ باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش ئىرادىسى چەكسىز مۇستەھكەم بولدى.

باش شۇجىنىڭ «بوۋاڭلار، موماڭلاردىن ئۆگىنىپ، پارتىيەنى قىزغىن سۆيۈشكەنلىرىنى، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈشكەنلىرىنى، خەلقنى قىزغىن سۆيۈشكەنلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن تەلىمىنى ئۇنتۇماي، جېجياڭ داچېن ئارىلىدىكى پېشقەدەم بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچىلەرنىڭ ئەۋلادى بولغان كۆك شۇشيەن داچېن ئارىلىغا بېرىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تارىخىنى ئىگىلەپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش يولىدا قايتا مېڭىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ھېكايىلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى، ياشانغانلار ساناتورىيەسى، مەھەللىگە بېرىپ ئىگە - چاقىسىز ياشانغانلارنى يوقلاپ، ئۆزىنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىش نىشانىنى بېكىتتى.

باش شۇجىنىڭ «كىچىكىدىن باشلاپ تەبىئەتنى ئاسراش، مۇھىتنى ئاسراش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش» تەلىپىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئىلگىرى بېيجىڭ لۇشىن شەھەر ئورمان باغچىسىدا كۆچەت تىكىش پائالىيىتىگە قاتناشقان بى ياڭ «ھەممىمىز ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان كۆچەت» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسىگە قاتناشتى، يەنە ئاتا - ئانىسى بىلەن بىللە بېيجىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، يېشىل تۇرمۇشقا دائىر تېخىمۇ كۆپ بىلىملەرنى ئۆگەندى.

بىز شۇنى خۇشاللىق بىلەن كۆردۇقكى، بۈگۈنكى جۇڭگونىڭ ئۆسمۈرلىرى - بالىلىرى باش شۇجى شى جىنپىڭ ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن يول ۋە يۆنىلىشنى بويلاپ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلمەكتە. تۈرلۈك ئىلىم - پەن كىچىك ئىجادىيەتلىرى، كىچىك كەشپىياتلىرىدا ئەقىل - پاراسىتىنى نامايان قىلماقتا؛ ئەتراپىدىكى كىچىك ئىشلاردىن باشلاپ قىلىپ، چەكسىز مۇمكىنچىلىككە ئىگە كەلگۈسىنى ئەركىن تەسەۋۋۇر قىلماقتا.

2016 - يىلى 12 - ئايدا، بېيجىڭ شەھەرلىك 1 - ئاۋغۇست مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى تەتقىق قىلىپ ياسىغان دۆلىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تۇنجى كىچىك سۈنئىي ھەمراھى قويۇپ بېرىلىپ، بوشلۇققا كۆتۈرۈلۈپ، ئوربىتىغا توغرا كىرىپ، بەلگە سىگنالى قايتۇردى.

سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىلىشتىن ئىلگىرى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش كىچىك سۈنئىي ھەمراھىنى تەتقىق قىلىپ ياساش كوللېكتىپىدىكى ساۋاقداشلار باش شۇجى شى جىنپىڭغا خەت يېزىپ، كىچىك سۈنئىي ھەمراھنىڭ پات ئارىدا قويۇپ بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى دوكلات قىلدى. باش شۇجى جاۋاب خېتىدە بالىلارغا: «بىلىمگە بولغان تەشنالىقنى ساقلاپ، ئىزدىنىشكە بولغان قىزىقىشنى ساقلاپ، ئىلىم - پەن روھىنى يېتىلدۈرۈپ، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، تىرىشىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش»نى تاپىلىدى.

پەننى ئومۇملاشتۇرۇش كىچىك سۈنئىي ھەمراھى خۇددى ئىلمىي ئىزدىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغايدىغان چولپان يۇلتۇزغا ئوخشاش، «كىچىك ئالىملار»نى پەن تەتقىقات يولىدا قەتئىي ئىلگىرىلەشكە يېتەكلىمەكتە.

2019 - يىلى 6 - ئايدا، بالىلار تەتقىق قىلىپ ياسىغان ئالەم بوشلۇقى بىيو تەجرىبە بۆلۈمچىسىنى توشۇغۇچى ئۈچقۇ — «فاڭجوۋ 1 - نومۇر»نى ئىچكى موڭغۇلدا قويۇپ بېرىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. ئۇلار تېخىمۇ كۆپ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش كىچىك سۈنئىي ھەمراھىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى داۋاملىق ئارزۇ قىلماقتا ھەمدە نەزەرىنى تېخىمۇ يىراق، تېخىمۇ يۈكسەك دۇنياغا تىكمەكتە.

«بۈگۈن ۋەتەننىڭ ياخشى بالىسى بولۇڭلار، ئەتە ۋەتەننىڭ قۇرغۇچىسى بولۇڭلار، گۈزەل تۇرمۇش سىلەرگە مەنسۇپ، گۈزەل جۇڭگو ئارزۇسى سىلەرگە مەنسۇپ.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تاپشۇرۇقى يېڭى دەۋردىكى ئۆسمۈرلەر - بالىلاردىن كۈتكەن گۈزەل ئۈمىد، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ داۋاملىق جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان پارلاق كەلگۈسى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تېلېگراممىسى)**